# توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتايلى

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى پۇختا، مۇكەممەل بولغان بىر ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى بولۇپ، روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، كۆرۈنەرلىك تۈزۈم ئەۋزەللىككە ئىگە. ھەم ياخشى چىڭ تۇرغان ۋە ياخشى مۇستەھكەملىگەندىلا، ھەم ياخشى مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە ياخشى راۋاجلاندۇرغاندىلا، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تەرەك بولۇۋاتقان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دىققەت مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك تۈزۈملەردىكى چىڭ تۇرۇش شەرت بولغان تۈپ نۇقتا، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۆنىلىشى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى ھەم خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بۇ ماركسىزملىق پىروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كۆزدە تۇتۇلۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، سىستېمىلىق تۈپلاشتۇرۇش، ماس - يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كۈچلۈك مەسىلە يۆنىلىشى ۋە روشەن ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم ئىشەنچى نامايان قىلىندى.

تۈزۈم ئەۋزەللىكى بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى. ئومۇمىي يىغىندا دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكلىرى سىستېمىلىق يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىكى مەقسەت پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ كۆپ جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكلىرىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئەۋزەللىكلەرنى ئۇزاققىچە ساقلاش ۋە ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش بىزنىڭ يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تىرىشىش يۆنىلىشىمىز. بۇ بىزدىن ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىقلىقى ۋە سىجىللىقىنى ساقلىشىمىزنى، ھەم دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈزۈملەرنى، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتا زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «قارار»دا دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىگە ئومۇميۈزلۈك جاۋاب بېرىلىپ، ھەم جەزمەن پۇختا چىڭ تۇرىدىغان مۇھىم، زور تۈزۈم ۋە پىرىنسىپلار شەرھلەندى، ھەم تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدىغان مۇھىم، زور ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى، بۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى دەل توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكى.

يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىنغان نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي يىغىندا پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈم سىستېمىسىدا، خەلق ئۆزىگە ئىگە بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇنچىللىق سىستېمىسىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مەمۇرىي تۈزۈلمىسىدە، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمىدە، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش تۈزۈمىدە، شەھەر - يېزىلارنى بىرتۇتاش پىلانلايدىغان خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىدە، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدە، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈمى سىستېمىسىدا، پارتىيە خەلق ئارمىيەسىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىدە، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىدا، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم، زور تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتلىرى، ئالغا سىلجىتىشقا تېگىشلىك نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى. بۇ مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلار يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈزۈم قاتلىمىدىكى كونكرېت راۋاجى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى ۋە كۈچەش نۇقتىسى. مۇشۇ جەھەتلەرنى چۆرىدەپ، «قارار»دا تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمنى جىپسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يۇقىرى قاتلام لايىھەسى ۋە قاتلاملارغا ئايرىپ ئۇدۇللاشتۇرۇش بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، تۈزۈم ئىسلاھاتى ۋە تۈزۈم ئايلىنىشى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، تارىخنى يەكۈنلەش ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنىڭ بىرلىكى، ئىرادىنى ساقلاش ۋە ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكى، مەسىلە يۆنىلىشى ۋە نىشان يۆنىلىشىنىڭ بىرلىكى نامايان قىلىندى. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا، كۈچەپ ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئايلىنىشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «بىزنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدىكى سەۋەب جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن؛ بىز تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىمىز دېگەندىكەنمىز، بىر ئىزدىلا توختاپ قالماسلىقىمىز، بەلكى تۈزۈلمە - مېخانىزمدىكى ئىللەتلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈگىتىپ، تۈزۈممىزنى پىشىپ يېتىلدۈرۈشىمىز ھەم ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.» تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىش، يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرساقلا، بىز چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشىغا تۈرتكە بولالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى؛ يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، بىرلىشىپ ھەل قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى؛ شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، ئامما رازى بولمىغانلىرىغا قايتا قاراپ چىقىپ، دەرس تولۇقلاپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى كەم - كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. باش تېمىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەسلىك، سالماقنى كېمەيتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاشكارا تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى ياخشى قىلىپ بېرىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ، تېخىمۇ پۇختا ئىستىل ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ياخشى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىككەمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشىلاپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات - تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. دىنلارنىڭ ئىجىل - ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، جاڭ چۇنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، شەھەرلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، باش نازارەتچىسى

# جىن خۇ ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋەرىمىز** تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، شەھەرلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، باش نازارەتچىسى جىن خۇ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقە تورى ئۇچۇرى ئىشخانىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار

# قانۇنغا خىلاپ ئۇچۇر تارقىتىشقا دائىر ئالتە تىپىك دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى

**ئۆز خەۋەرىمىز** يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقە تورى ئۇچۇرى ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى پاش قىلىش يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، 24 - تۈركۈمدە توردا قانۇنغا خىلاپ ئۇچۇر تارقىتىشقا دائىر ئالتە تىپىك دېلونى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ھەم ئاشكارىلىدى. تەكشۈرۈلۈشچە، دېلوغا چېتىشلىق ئالاقىدارلار ئالاقە تورى قاتارلىق سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەمدە ساختا ئۇچۇر قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى يازما، سۈرەت، ئۈن - سىنلارنى تەرغىب قىلىپ، ساقلاپ، تارقىتىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ توردا ساختا ئۇچۇر تارقىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغان، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئالاقىدارلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

**1 - دېلو**: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تور ئەھلى م Xنىڭ ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ساقلاش دېلوسى

2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تور ئەھلى م X (ئەر، ئۇيغۇر، 26 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى)نىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان ئۈن ھۆججىتىنى چۈشۈرگەن ۋە ئاڭلىغانلىقىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە م Xنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويدى.

**2 - دېلو**: قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تور ئەھلى م Xنىڭ ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ساقلاش دېلوسى

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، تور ئەھلى م X (ئەر، ئۇيغۇر، 33 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسى)نىڭ مەۋھۇم مەخسۇس تورنى قانۇنسىز ئىشلىتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق كىتابنى چۈشۈرگەنلىكىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە م Xنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويدى.

**3 - دېلو**: تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى تور ئەھلى جيا X، ۋېي Xنىڭ توردىن پايدىلىنىپ ئېيىپەت - نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش دېلوسى

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، تور ئەھلى جيا X (ئەر، خەنزۇ، 27 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيەسى)، ۋېي X (ئايال، خەنزۇ، 38 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى خاربىن شەھىرىنىڭ فاڭجېڭ ناھىيەسى)نىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، باھاسىنى كېلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر ئېپىسل مېھمانسارايىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئېيىپەت - نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە جيا X، ۋېي Xنى مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويدى.

**4 - دېلو**: تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى تور ئەھلى سۈي Xنىڭ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىش دېلوسى

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، تور ئەھلى سۈي X (ئەر، خەنزۇ، 28 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىخو شەھىرى)نىڭ ئۈندىدار توپى، چەمبىرىكىدە پىتنە - ئىغۋا ئۇچۇرى تارقىتىپ، جەمئىيەت ئاممىۋى تەرتىپىنى قالايمىقان قىلغانلىقىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈي Xنى مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويدى.

**5 - دېلو**: سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تور ئەھلى جاڭ Xنىڭ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىش دېلوسى

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، تور ئەھلى جاڭ X (ئەر، خەنزۇ، 28 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: سانجى ئوبلاستىنىڭ سانجى شەھىرى)نىڭ ئۈندىدار توپى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش سىياسىتىگە چېتىلىدىغان پىتنە - ئىغۋا ئۇچۇرى تارقىتىپ، ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىشقا قۇترىتىپ، جەمئىيەت ئاممىۋى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقىنى پاش قىلغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە جاڭ Xنى مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويدى.

**6 - دېلو**: تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى تور ئەھلى ج Xنىڭ تور ئالدامچىلىقى دېلوسى

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، تور ئەھلى ج X (ئايال، قازاق، 22 ياش، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جاي: تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيەسى)نىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق پۇتۇڭخۇا گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىپ بېرىشنى باھانە قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەش تور ئەھلىنى ئالدىغانلىقىنى پاش قىلغان، دېلوغا چېتىشلىق سومما 10 مىڭ 100 يۈەنگە يەتكەن. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ج X بالا ئىمتىش مەزگىلىدە تۇرغاچقا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە ج Xنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغۇچە كېپىلگە بەردى.

ئالاقە تورى ئۇچۇرى تارماقلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، تور بوشلۇقى قانۇن سىرتىدىكى جاي ئەمەس، ئالاقە توردا زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئەسەبىيلىككە چېتىلىدىغان ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان يازما، سۈرەت، ئۈن - سىنلارنى تەرغىب قىلغان، ساقلىغان، تارقاتقانلار؛ پارتلىتىش قۇرۇلمىسى، قورال - ياراغ، تىزگىنلىنىدىغان تىغلىق ئەسۋابلارنى ياساش، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆگەتكەنلەر ھەمدە ساختا ئۇچۇر، باشقىلارغا ھاقارەت قىلىش، تەھدىت سېلىش، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ تۆھمەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇندىكى يازما، سۈرەت، ئۈن - سىنلارنى تارقاتقانلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئومۇمەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك يازما، سۈرەت، ئۈن - سىنلار بولسا ئۈزلۈكىدىن دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىش، يوقىتىش كېرەك، شەخسلەر ئۆچۈرۈش، يوقىتىشقا ئامال قىلالمىسا، ئۆز جايىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ماسلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. كەڭ تور ئەھلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئەمەل قىلىپ، مەدەنىي تورغا چىقىپ، قانۇن بويىچە تورغا چىقىپ، ساغلام، تەرتىپلىك ئالاقە تورى مۇھىتىنى ئورتاق قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كەڭ تور ئەھلىنىڭ توردىكى قانۇنغا خىلاپ ئۇچۇرلارنى ئاكتىپلىق بىلەن پاش قىلىشىنى قارشى ئالىمىز، پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ۋاقتىدا مۇكاپاتلىنىدۇ.

پاش قىلىش ئۇسۇلى:

تور ئادرېسى: www.xjwljb.com

تېلېفون نومۇرى: 2384777 - 0991

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى:

xjwljb@xjts.cn

مىكرو بلوگ: @ 新疆网络举报 شىنجاڭ توردا پاش قىلىش

ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى:

新疆网络举报 شىنجاڭ توردا پاش قىلىش

ساقچىغا مەلۇم قىلىش، پاش قىلىش تېلېفونى: 110

قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق ساقچىغا مەلۇم قىلىش نومۇرى: 12110